# ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى يەرگە باغلاش ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى تېخنىكىغا باغلاش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش فۇنكسىيەلىك رايونىنى ئايرىش ۋە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرگە پۇختا قەدەم بىلەن تۈرتكە بولۇپ، ئىلغار يەرنى قۇۋۋەتلەش تېخنىكىسىنى ئۆلگە كۆرسىتىپ كېڭەيتىپ، تېرىلغۇ يەر سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئاشلىق ھوسۇلىنى ئاشۇرۇشنىڭ يوشۇرۇن بوشلۇقىنى كېڭەيتتى.

«بىز تېرىلغۇ يەر سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇپ، شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەرنى قانات يايدۇردۇق، تېرىلغۇ يەر سۈپىتى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاشتى.» گۇچۇڭ ناھىيەسىنىڭ شىبېيۋەن بازىرى ليۇشۇخېزا كەنتىدىكى ئاشلىق تېرىيدىغان دېھقان فېڭ رۇگاڭ مۇنداق دېدى: يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق بولغاچقا، ھازىر بۇغداي ئىشلەپچىقىرىشتا ئىلگىرىكىدىن 50% سۇ تېجىلىپ، مو بېشى مەھسۇلات مىقدارى تەخمىنەن 40% ئېشىپ، تەننەرخنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

ئېتىز بۆلەكلىرى تۈزلەندى، مەركەزلىك بىرتۇتاش قىلىندى، سۇ، توك، يول ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش مۇكەممەللەشتۈرۈلدى... بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشى تۈرى تېز ئالغا سىلجىتىلىپ، بىر تۈركۈم داۋاملاشما، يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان تۈرلەردە مەركەزلىك ئىش باشلاندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون «ئاۋۋال مېخانىزم ئورنىتىش، ئاندىن قۇرۇلۇش قىلىش» تەلىپى بويىچە، تىرىشىپ بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا 3 مىليون مو يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، قۇرۇش، باشقۇرۇش، قوغداش بىر گەۋدىلەشتۈرۈلگەن مېخانىزم بەرپا قىلىش ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىقنى ياخشى قۇرۇش، ئىشلەتكىلى بولۇش، ئۈنۈمى بولۇش، ئۇزاققىچە پايدىلانغىلى بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىقلارنىڭ ئۈنۈمىنى جارى قىلدۇرۇش سۇچىلىق قۇرۇلۇشى تۈرىنىڭ تىرەك بولۇشىدىن ئايرىلالمايدۇ. 2016 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا يېڭىدىن كۆپەيگەن يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى جەمئىي 9 مىليون 170 مىڭ مو بولۇپ، يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەپ سۇغىرىش كۆلىمى جەمئىي 39 مىليون 890 مىڭ موغا يەتتى. جەمئىي 27 ئورۇندا چوڭ سۇغىرىش رايونى ھەم 73 ئورۇندا ئوتتۇرا تىپتىكى سۇغىرىش رايونىنى داۋاملاشما يۈرۈشلەشتۈرۈش ۋە سۇ تېجەش ئۆزگەرتىپ ياساش تۈرىنى يولغا قويۇپ، جەمئىي 64 مىليون 173 مىڭ 800 مو سۇغىرىش كۆلىمىنى ياخشىلىدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن سۇ تېجەش ئىقتىدارى 470 مىليون كۇب مېتىرغا يېقىنلاشتى، تۈرلۈك ئېتىز ـ ئېرىق سۇچىلىق قۇرۇلۇشى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ياخشىلىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، تېرىلغۇ يەر سۈپىتىنى قوغداش بىلەن سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ھەرىكىتى ۋە ئورگانىك ئوغۇتنى خىمىيەۋى ئوغۇتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش ھەرىكىتىمۇ ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تۇپراقنى ئۆلچەپ رېتسېپلىق ئوغۇتلاش، شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش، مەھەللىۋى ئوغۇتنى ئوكسىگېنلىق يىغىپ تەييارلاش قاتارلىق تۇپراقنىڭ ئورگانىك سۈپىتىنى ئاشۇرۇش ۋە يەرنى قۇۋۋەتلەشكە دائىر يۈرۈشلۈك يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئەندىزىلەر نۇقتىلىق كېڭەيتىلىپ، ئىلمىي، مۇۋاپىق بولغان تېرىلغۇ يەر سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمى بەرپا قىلىندى. 2019 ـ يىلى، ئاپتونوم رايون بويىچە ئورگانىك ئوغۇت ئىشلىتىش مىقدارى 57 مىليون 830 مىڭ تونناغا، شاخ ـ شۇمبىنى ئېتىزغا قايتۇرۇش كۆلىمى 37 مىليون 820 مىڭ موغا يەتتى، مۇۋاپىق بولمىغان ئوغۇتلاش ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ، يېزىلارنىڭ دائىرىلىك، مەنبەلىك بۇلغىنىشى ئۈنۈملۈك تىزگىنلەندى.

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تېرىلغۇ يەر سۈپىتىنىڭ ئوتتۇرىچە دەرىجىسى 5.28 دەرىجە بولۇپ، 2014 ـ يىلدىكىدىن 0.38 دەرىجە ئۆستى، تېرىلغۇ يەر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى پۇختا قەدەمدە ئاشتى، ئاشلىق ئېتىزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاساسى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى، پۇختىلاندى.

### سورت «ئۆزەك»تۇر

«رېكورت يېڭىلاش» بۇ ئىككى يىلدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ بۇغداي كەسپىنىڭ تەرەققىياتىدا ئەڭ كۆپ ئېيتىلغان سۆز بولدى. 2019 ـ يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ يۇقىرى ھوسۇل ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ئېتىزلىرىدا كۈزگى بۇغداينىڭ ئەمەلىي ئۆلچەنگەن بىرلىك ھوسۇلى 731.3 كىلوگىرامغا يەتتى؛ شىمالىي شىنجاڭدىكى گۇچۇڭ ناھىيەسىدە كۈزگى بۇغداينىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك ھوسۇلى 832 كىلوگىرامغا يېتىپ، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە كۈزگى بۇغداينىڭ ئەڭ يۇقىرى ھوسۇل رېكورتى يارىتىلدى. بۇ يىل ئەلا سۈپەتلىك كۈزگى بۇغداينىڭ ئەمەلىي ئۆلچەنگەن بىرلىك ھوسۇلىدا يەنە يېڭى رېكورت يارىتىلىپ، 785.1 كىلوگىرامغا يەتتى، بىر قاتار يۇقىرى ھوسۇل رېكورتلىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنىڭ ئۆسكەنلىكىنىڭ مۇھىم ئۆلچەم بەلگىسى بولۇپ قالدى.

ئۇرۇقچىلىق زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنىڭ «ئۆزەك»ى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ ھەم تەرەققىياتنىڭ ئاساسى، ھەم يادرولۇق رىقابەت كۈچى ھېسابلىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز زامانىۋى ئۇرۇقچىلىقنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سورت يېتىشتۈرۈشتە يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشقا پائال تۆھپە قوشتى.

«قوناقنىڭ يېڭى سورتىنى ئىشلىتىپ مو بېشى پايدىسىنى تەخمىنەن 200 يۈەن ئاشۇردۇم.» بورتالا شەھىرى شويىڭپەن بازىرىدىكى قوناق تېرىغان ئاھالە سۇ جىيىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يىل ئۇ ئاشلىق ۋە يەم ـ خەشەككە تەڭ ئىشلەتكىلى بولىدىغان يېڭى سورتنى تېرىپتۇ، ھوسۇل ئالغاندىن كېيىنكى قوناقنى ھەم ئاشلىق پىششىقلاشقا ئىشلەتكىلى، ھەم سىلوس ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلەتكىلى بولىدىكەن. ئۇ يەم ـ خەشەك ۋە ئاشلىقنىڭ بازار باھاسىغا ئاساسەن، پايدىسى بىرقەدەر يۇقىرى بولغاندا سېتىشنى تاللاپ، تېرىقچىلىق ئۈنۈمىنى ئۆستۈرەلەيدىكەن.

سۇ جىيىنىڭكىدەك ئەھۋال ئايرىم مىسال ئەمەس. يېڭى سورتنىڭ پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېلىپ كەلگىنى پەقەت مەھسۇلات مىقدارىنىڭ ئېشىشى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى ئۈنۈمبىرسال ئۈنۈمنىڭ پۇختا قەدەمدە ئېشىشى بولدى. 2018 ـ يىلدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايون زامانىۋى ئۇرۇقچىلىق تەرەققىيات مەخسۇس مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇپ، زامانىۋى ئۇرۇقچىلىق تەرەققىياتىنى قوللىدى، بولۇپمۇ بىرلەشمە سورت يېتىشتۈرۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېڭى سورت تاللاپ يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە ئىلھام بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەمەلىي كۈچى بار كارخانىلار، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تەشكىللەپ، قوناق، كېۋەز، بۇغداي ۋە خاس زىرائەتتىن ئىبارەت تۆت بىرلەشمە سورت يېتىشتۈرۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش گەۋدىسى قۇرۇپ، مەخسۇس تېمىدا سورت يېتىشتۈرۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، بازارنى يۆنىلىش قىلغان، كارخانىنى سۇبيېكت قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، پەن تەتقىقات، يېتىشتۈرۈش، كۆپەيتىش، كېڭەيتىش بىر گەۋدىلەشكەن تاۋارلاشقان سورت يېتىشتۈرۈش تېخنىكا سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلىپ، پەن تەتقىقات بىلەن ئىشلەپچىقىرىش ئايرىلىپ كېتىش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى.

نۆۋەتتە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا سۈپەتلىك ئۇرۇقنىڭ قاپلاش نىسبىتى 99%تىن ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا «ئاشلىقنى سورتنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش»نىڭ يۈزبېرىش نىسبىتى 1%تىن تۆۋەنگە چۈشۈرۈلدى، شىمالىي شىنجاڭدا قوناقنىڭ «تونىنا ئاشلىق» كۆلىمى 60%تىن ئېشىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيەگە يەتتى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش ئاممىۋى مۇلازىمەت سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى زىرائەت ئۇرۇقچىلىقى ۋە چارۋا، ئۆي قۇشلىرى، سۇ مەھسۇلاتلىرى، ئورمان، ئوت ـ چۆپ ئۇرۇقچىلىقىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سېتىش سوممىسى 100 مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان بىر تۈركۈم ئۇرۇق باشلامچى كارخانىلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۇرۇقچىلىقنىڭ يېزا ئىگىلىكتە سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتىكى يېتەكچىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تېخىمۇ كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

### ھوسۇلنى ئاشۇرۇشتا پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىلدى

بۇ يىل، گۇچۇڭ ناھىيەسىدە ئادەتتىكى يىللاردىكىگە قارىغاندا تېمپېراتۇرا نىسبەتەن يۇقىرى، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى كۆرۈنەرلىك ئاز بولدى. فېڭ رۇگاڭ باشقۇرۇۋاتقان 2000 مو بۇغداينىڭ ھوسۇلى قۇرغاقچىلىق سەۋەبىدىن زور دەرىجىدە كېمەيمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە قۇرغاقچىلىق يىلىدىكى ھوسۇلدا يېڭى رېكورت يارىتىپ، ئەڭ يۇقىرى بىرلىك ھوسۇلى 779 كىلوگىرامغا يېتىپ، بۇلتۇرقىدىن 84 كىلوگىرام كۆپەيدى.

«بۇلارنىڭ ھەممىسى پەن ـ تېخنىكىنىڭ تۆھپىسى.» فېڭ رۇگاڭ مۇنداق دېدى: بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئەلا سورتنى تاللاش، رېتسېپلىق ئوغۇتلاش، ئىلمىي باشقۇرۇش، تىزگىنلەش قاتارلىق تېخنىكىلاردىن ئايرىلالمايدۇ. سۇغىرىش بىلەن ئوغۇتلاشنى بىرگەۋدىلەشتۈرۈش ۋە بېسىمنى ئاشۇرۇپ تېمىتىپ سۇغىرىش تېخنىكىسىنىڭ پايدىسىدا، ئىشلەپچىقىرىش خادىملىرى بۇغداينىڭ ئۆسۈش ئېھتىياجىغا ئاساسەن ھەر ۋاقىت سۇ ۋە ئوغۇتنى ھەربىر تۈپ بۇغداينىڭ يىلتىزىغا يەتكۈزۈپ، بۇغداينىڭ قۇرغاقچىلىقنىڭ تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش ھالقىسىدا تەننەرخنى تېجەپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

ئىلگىرى «ھوسۇلنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىنى ھاۋارايى بەلگىلەيتتى»، بۈگۈنكى كۈندە پەن ـ تېخنىكىغا تايىنىلىدىغان بولدى. يېقىنقى يىللاردا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى پەن ـ تېخنىكا مۇلازىمىتى، يېتەكچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۈپەتلىك ئۇرۇققا ياخشى ئۇسۇلنى ياندىشتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، مەبلەغ سېلىنمىسى ۋە تېخنىكا تىرەكنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، ئاشلىقنى يېشىل، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىشنى ئاشلىق تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتىغا ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ئاساسلىق تۈرتكە بولىدىغان بىر تۈركۈم تېخنىكىلارنى تاللاپ، سۈپەتلىك ئۇرۇقلارنى كۆپەيتىش، يېتىشتۈرۈش، ساپلاشتۇرۇپ ئىقتىدارىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، بۇغداي، قوناق مىليون مولۇق ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش بازىسى ۋە يېشىل، يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئىشلەپچىقىرىش بازىسى قۇردى، تۇجۇپلەپ تېرىش، سۇغىرىش بىلەن ئوغۇتلاشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش، ئۇرۇق بىلەن ئوغۇتنى ئايرىش، ئاز سۇغىرىش، پات ـ پات سۇغىرىش قاتارلىق «سۈپەتلىك ئۇرۇق + ياخشى ئۇسۇل» بويىچە تېرىقچىلىق، پەرۋىش تېخنىكىسىنى توپلاپ ئومۇملاشتۇرۇپ، پەن ـ تېخنىكىنىڭ يېتەكچىلىك، تۈرتكىلىك رولىنى تولۇق قېزىپ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشتا سۈپەتنى ئۆستۈرۈش، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايون يەنە نۇقتىلىق رايون ۋە نۇقتىلىق زىرائەتلەرنى چۆرىدەپ، يېڭىچە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتى ۋە كەسپىلەشكەن مۇلازىمەت تەشكىلاتلىرىغا تايىنىپ، يېشىل ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تېخنىكىسىنى ئالغا سىلجىتىپ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنىڭ مىقدارىنى ئازايتىپ زىيىنىنى كونترول قىلىشنى ئىشقا ئاشۇردى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ يېشىل ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى 30%كە يېتىپ، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى ئىشلىتىش مىقدارىنى مەنپىي ئاشۇرۇش نىشانى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

بۈگۈنكى كۈندە، زور بىر تۈركۈم يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىدا ئالدىراش يۈرۈپ، يېڭى تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشچانلىق كۆرسەتمەكتە. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى تۈزۈمى ئورنىتىلغاندىن بۇيان، جەمئىي 8000دىن ئارتۇق پەن ـ تېخنىكا خاس ۋەكىلى تاللاپ ئەۋەتىلگەن، 1800 تۈردىن ئارتۇق يېڭى تېخنىكا كېڭەيتىلگەن، 1900دىن ئارتۇق يېڭى سورت كىرگۈزۈلگەن، 2 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق دېھقان تەربىيەلەنگەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى يەنە مېتېئورولوگىيە، سۇچىلىق قاتارلىق تارماقلار بىلەن ئالاقىلىشىش، مەسلىھەتلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئاپەت خاراكتېرلىك ھاۋارايىنىڭ يۈزبېرىشى، ئەۋج ئېلىشى، كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى، دائىرىسى ھەم خەۋپىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، تۈرلۈك ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى ۋە يۈرۈشلۈك لايىھەلەرنى تۈزدى. بولۇپمۇ بۇ يىلقى قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىغا قارىتا، سۈنئىي ئۇسۇلدا يامغۇر كۆپەيتىش، ئۆستەڭدىن سۇ باشلاپ سۇغىرىش، يوپۇرماق يۈزىگە ئوغۇت پۈركۈش قاتارلىق قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرىنى ۋاقتىدا قوللىنىپ، قۇرغاقچىلىق ئەھۋالىنىڭ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا كۆرسىتىدىغان ناچار تەسىرىگە تاقابىل تۇرۇپ، ئالاھىدە يىلدىكى ئۇزۇقلۇق ئاشلىقنىڭ مۇتلەق بىخەتەرلىكىگە ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى.

كېيىنكى قەدەمدە، ئاپتونوم رايونىمىز ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان، ئۇچۇرلاشقان، تۇجۇپلەشكەن يېڭى تىپتىكى يېزا ئىگىلىك ماشىنا ـ سايمانلىرىنى كېڭەيتىش، قوللىنىشقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، «ئالاقە تورى +» زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىدە ئۆلگە كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى يولغا قويىدۇ، ئەۋزەل يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئۇچۇرىنى كۆزىتىش ـ ئۆلچەش تورى بەرپا قىلىپ، چوڭ سانلىق مەلۇمات، نەرسە تورى قاتارلىق تېخنىكىلارنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىشىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى كەنتلەرگە كىرگۈزۈش، ئائىلىلەرگە كىرگۈزۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، پەن ـ تېخنىكىنى يېزا ئىگىلىكنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان مۇھىم كۈچكە ئايلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش خىزمىتى ئاساسىنى تېخىمۇ پۇختىلايدۇ، ئىقتىدارىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ، ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ياخشىلايدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

160 خىلدىن ئارتۇق ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىپ، بېيجىڭ يوۋگولىيەن مەسلىھەت بېرىش مۇلازىمەت چەكلىك شىركىتى، شىنجاڭ بېيېۋەنچۈن گۇرۇھ شىركىتى، گەنسۇ جيۇچۈەن جۇڭگۇاڭ گۇرۇھى قاتارلىق پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى 60 سېتىۋېلىش سودىگىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى توردا ئۇدۇللاشتۇردى، شۇ كۈنى ئىمزالانغان كېلىشىم سوممىسى 775 مىليون يۈەنگە يەتتى.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتتە توردا ئۇلاش، توردا تونۇشتۇرۇش، توردا كۆرۈش، توردا قاتنىشىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازار بىلەن دەل جايىدا ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، نامرات رايونلارنىڭ ئەلا سۈپەتلىك، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا سېلىشقا كۈچ قوشۇپ، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش مەقسەت قىلىنغان. سۈپەتلىك ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىش، تونۇشتۇرۇش مەزگىلىدە، قاغىلىق ياڭىقى، يېڭىسار ئۆرۈكى، ئاقسۇ ئالمىسى، خوتەن چىلىنى، كېرىيە قىزىلگۈلى ۋە كورلا نەشپۈتى قاتارلىق ئەلا سۈپەتلىك يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تونۇشتۇرۇلدى. ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى توردا ئۇدۇللاشتۇرۇش پائالىيىتى رايون ھالقىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ، شىنجاڭدىكى نامرات رايونلارنىڭ ھەرقايسى جايلاردىكى مال تەمىنلىگۈچى سودىگەرلەر بىلەن بولغان سودا ئالاقە پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى، ئۇ، سېتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا تۈرتكە بولۇش، سېتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى بىر قېتىملىق پايدىلىق ئىزدىنىش.

ئىگىلىنىشىچە، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا مىنىستىرلىقى كېيىنكى يېرىم يىلدا يەنە ئىككى مەيدان نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇش پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىكەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ ئىچكى شارائىتى ۋە تاشقى مۇھىتىدا چوڭقۇر، مۇرەككەپ ئۆزگىرىش بولماقتا. ئىچكى جەھەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىز ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى، كۆپ تەرەپلىك ئەۋزەللىك ۋە شارائىتقا ئىگە، تەرەققىيات ئىستىقبالى ياخشى، لېكىن يەنە قۇرۇلما خاراكتېرلىك، تۈزۈلمە خاراكتېرلىك، دەۋرىي خاراكتېرلىك مەسىلىلەر ئۆزئارا گىرەلىشىپ كېتىش ئېلىپ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە خىرىسقا دۇچ كەلدى. تاشقى جەھەتتىن قارىغاندا، تىنچلىق ۋە تەرەققىيات يەنىلا دەۋر باش تېمىسى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، خەلقئارا مۇھىت كۈنسېرى مۇرەككەپلىشىپ، مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى. ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، دۆلىتىمىز تەرەققىياتى يەنىلا ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلدە تۇرىدۇ، لېكىن پۇرسەت ۋە خىرىسنىڭ ھەممىسىدە يېڭى تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بار. بىز پۇرسەت ئېڭى ۋە خەۋپ ـ خەتەر ئېڭىنى كۈچەيتىپ، تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، كۆرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈش، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا ماھىر بولۇپ، پۇرسەتنى تۇتۇپ، خىرىسقا تاقابىل تۇرۇپ، پايدىلىق تەرەپكە يۈزلىنىپ، زىيانلىق تەرەپتىن ساقلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر ۋە خىرىسنى يېڭىشتە، ئەڭ نېگىزلىك بولغىنى يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىش. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا، بىز دۇچ كەلگەن ناھايىتى نۇرغۇن مەسىلە ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك، جەزمەن ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش نۇقتىسىدىن يەنىمۇ تونۇشىمىز كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. بۇ بىر مۇھىم، زور ھۆكۈم، بىز جەزمەن تاشقى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىرقەدەر ئۇزاق ۋاقىت تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئىدىيە تەييارلىقى ۋە خىزمەت تەييارلىقىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك. بۇ بىزدىن تەرەققىياتنىڭ مەۋقەسىنى دۆلەت ئىچىگە تېخىمۇ كۆپ قويۇپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىنى پۇختا ئىگىلەپ، دۆلەت ئىچىدە چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ـ خەلقئارا قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى تېز شەكىللەندۈرۈش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى ئوتتۇرا، ئۇزاق مەزگىللىك ماسلاشتۇرۇش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادنى مۇقىم ئاشۇرۇش ۋە خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇزاق مەزگىللىك تەڭپۇڭ بولۇشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. يەرشارىۋى بازار تارېيىۋاتقان تاشقى مۇھىت ئالدىدا، بىز جەزمەن دۆلەت ئىچىدىكى دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ كۆلەملىك بازار ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادنى گۈللەندۈرۈش، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرۇش ئارقىلىق دۆلىتىمىز ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشىمىز كېرەك. قەتئىي بوشاشماي ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، قۇرۇلما تەڭشەشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ماكرولۇق تەڭشەش ـ تىزگىنلەشنى دەۋرىيلىك ھالقىپ لايىھەلەش ۋە تەڭشەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىياتنىڭ پۈتكۈل جەريانى ۋە ھەرقايسى ساھەلىرىگە سىڭدۈرۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سۈپەتلىك، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل، تېخىمۇ بىخەتەر تەرەققىياتنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى زور كۈچ بىلەن قوغداپ ۋە قوزغىتىپ، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ھەم باشقا جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كەسىپلەرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىكلىشىش، يېشىللىشىش، ئەقلىي ئىقتىدارلىشىش، يۇغۇرۇلۇش يۆنىلىشىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى ئۆستۈنلۈك، شۇنداقلا خىرىسنى يېڭىشتىكى ئاقىلانە تەدبىر. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى ئاساسىي لىنىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ۋە باشلامچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، نىشان يېتەكچىلىكى ۋە مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم كۈچ يىغىش، كۈچ توپلاش، كۈچ ئېلىشقا ماھىر بولۇپ، ھەم ئۆزگىرىشنى تونۇش، ئۆزگىرىشكە ئىنتىلىش، ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىشكە ماھىر بولۇپ، ئاچقۇچنى چىڭ ئىگىلەپ، ئىزدىنىشكە پائال ئىلھام بېرىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىسلاھاتقا تايىنىپ يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈشىمىز، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىشىمىز كېرەك. دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش ھەرگىزمۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ بېكىنمە ھالەتتە يۈرۈشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى ئىچكى ئېھتىياجنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، دۆلەت ئىچى بازىرى ۋە خەلقئارا بازارنى تېخىمۇ ياخشى راۋانلاشتۇرۇش، خەلقئارا ۋە دۆلەت ئىچىدىن ئىبارەت ئىككى بازار، ئىككى بايلىقتىن تېخىمۇ ياخشى پايدىلىنىپ، تېخىمۇ كۈچلۈك، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. يىراق كەلگۈسىدىن قارىغاندا، ئىقتىسادنىڭ يەرشارىۋىلىشىشى يەنىلا تارىخىي ئېقىم، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىش تەقسىملەپ ھەمكارلىشىشى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشى ئۇزاق مۇددەتلىك يۈزلىنىش. بىز تارىخنىڭ توغرا تەرىپىدە تۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئېيتقاندەك: «بىزنىڭ خىرىسقا تاقابىل تۇرۇشتا كۈچلۈك ئىرادىمىز، قەتئىي غەيرىتىمىز، مۇستەھكەم دۆلەت كۈچىمىز بار، ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، سىناقلارنى يېڭىشتە يېتەرلىك ئىشەنچىمىز، ئىقتىدارىمىز، ئەقىل ـ پاراستىمىز بار، ھەرقانداق دۆلەت، ھەرقانداق كىشى جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش تارىخ قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ».

**(8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»گە بېسىلغان)**